# شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يۈرەكى مۇھاكىمە

10- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى شىنجاڭدا يامان ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلسە، شۈبھىسىزكى، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، 80 - ، 90 - يىللار ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى بەك ئەۋج ئالغان 20 يىل بولدى. بۇ ھال ھەم سىرتتىكى خەلقارا مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خاتا سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتكەنكى جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن - سىياسەتلىرى، مېنىڭ قارىشىمچە، بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى سىياسەتلىرى. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بۇنىڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مانا مۇشۇ فاڭجېن - سىياسەتلەر مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى؛ شىنجاڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىسى تولا يىغلايدىغان بالا، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ، يىغىسىدىن توختاپ قالاركەن. بۇنىڭدىن ۋاڭ جېننىڭ ھەيۋىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ۋاڭ جېن — جوڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك قەھرىمانى. ئۇ زوزوڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى «ئەسكەرلەر بوز يەر

## (ماقالىغا شەرھ ۋە مۇلاھىزىمىز)

خىتايلارنىڭ ھەققىمىزدىكى نىيىتىنى ھازىرغىچە بالىلارچە ساددىلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان، كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئېزىقتۇرغۇچى تەشۋىقاتى تەسىرىدە كاللىسى تۇمانلاشقان، ئەخمىقانىلىق بىلەن: «مەركىزىي ھۆكۈمەتتە چاتاق يوق، تۆۋەندىكىلەر ئاشۇرۋېتىپ بارىدۇ...» دەپ سوڭ جياڭ[1]چە ئويلايدىغانلار ھالا مەۋجۇت. تاجاۋۇزچىلار ھەققىدىكى بۇنداق ساددا چۈشەنچىلەر كوممۇنىست تەشۋىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولىشىمۇ، خىتايلار تەرىپىدىن مەنپەئەتلەنگەن مۇناپىقلارنىڭ مەنپەئەتپەرەستلىك تەبىئىتىنىڭ مەھسۇلى بولىشىمۇ مۇمكىن. نېمىلىكى بولمىسۇن، بۇ ئادەملەر خىتايلار ياكى ھەرقانداق بىر باشقا تاجاۋۇزچىنىڭ زېمىن ئىگىلىرىنى تامامەن يوقۇتۇۋەتمىگۈچە ئارام تاپالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقەللىي رىجىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغانلار بولۇپ، بۇ قەدەر ئىنسانىيەتسىزلىك ھېچقانداق ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە سىغمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق ساددىلىق ئېڭىمىزدا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كەلگۈسى تەقدىرىمىزنىڭ خەتىرىنى ھەققىي تونۇش بارلىققا كەلمەيدۇ. شۇنداقلا خىتايلارنى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمەن دەپ بىلىدىغان ئاڭسىزلىق قاتلىمىمىزغىچە سىڭگەن روھىي ھالەت، مىللىي ھۇشيارلىق، ئاڭ ئويغاقلىقى، مىللىي سەزگۈرلۈك بولمايدۇ. بۇلار بولمايدىكەن، مىللىي ئازادلىق روھى، ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە قارىماي ئازادلىققا ئىنتىلىش روھى بارلىققا كەلمەيدۇ.

«...يۈرەكى مۇھاكىمە»دىكى ۋاڭ جېن جاللاتنىڭ جاللاتلىق تەبىئىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ چۈمپەردىسىنىمۇ ئېچىپ تاشلاپ، ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىدىغان سەترىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ سەترىلەردىكى ئەڭ ياۋۇز فاشىستلارمۇ قىلمىغان جاللاتلىق ھەققىدە بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىنىش، ماختاشقا تولغان باھاسى، بۈگۈنكىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى خىتاي جاللاتلىرىدىن ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلىقىنى دەلىللەيدۇ.

«ۋاڭ جېن — جوڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك

---

[1] خىتاي كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدىن «سۇ بويىدا» رومانىدىكى باش قەھرىمانلاردىن بىرى، — ئا.

ئېچىپ، چېگرا رايوننى ساقلاش» سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرى (ئىش - قۇر قىسىملىرى) قۇردى. ئادەتتە پۇخرا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئورگان شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. «چاقىرغاندا كېلەلەيدىغان، جەڭ قىلغاندا غەلىبە قىلالايدىغان» مىليون كىشىلىك بۇ قوشۇن دۆلەتتىن بىر تال ئاشلىق تەلەپ قىلمىدى. ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زور كۈچ بىلەن زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى نەچچە ئون يىل تېنچ ساقلىدى. لېكىن ۋاڭ جېنمۇ سەل رەھىمسىزلىك قىلدى: يەنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولغان بولسا ھەقىقەتەن سەل قانخورلۇق قىلغان. لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جوڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھىمدىللىك قىلىشى، يۇمشاق قول بولۇشى بىلەن بۆلگۈنچىلەر كۆز قارىشىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئاجىز دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلار زورىيىپ كېتىپ، تاقابىل تۇرغىلى بولماي قالغان چاغدا، مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دۈشمەنگە رەھىمدىللىك قىلىش ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۆپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چېچىلغان بۇ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى 80- يىللاردا بىخلاپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماۋزېدوڭ دەۋرى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئەڭ تېنچ، مىللىي زىددىيەت ئەڭ پەس بولغان دەۋر بولدى، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەقتە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە ئىدى.

خۇياۋباڭ دەۋرىگە كەلگەندە سوبېكتىپچىلىق چوڭ خاتالىقى سادىر قىلىندى. يەنى «شىنجاڭ، شىزاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددا» چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى:

قەھرىمانى.» نېمە ئۈچۈن؟ « كېچىسى تولا يىغلايدىغان بالا، ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ، يىغىسىدىن توختاپ» قالىدىغان دەرىجىدىكى قانخور جاللات بولغانلىقى ئۈچۈن!

« كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.» مۇئەللىپ بۇ قىلمىشنى ئومۇمىي مودىغا كۆرە «سەل ئاشۇرىۋەتكەن» دەپ، گويا ئۆزىنىڭ جاللات ئەجداتلىرىغا قارىغاندا سەل ئىنسانپەرۋەردەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىسىمۇ، ئەمما يەنە دەرھال تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ قىلمىشنى توغرا بولغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جوڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان.» دېمەك، دېمەكچى بولىدۇكى، ئەگەر كېرەك تېپىلسا بۇ ئۇسۇلنى يەنە قوللۇنۇشقا بولىدۇ.

« شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۆپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىدى.» بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ ياۋۇزلۇقنى قىلىپ - قىلىپ بولۇپ، پەپىلەپ، ئالدامچىلىق بىلەن ياغلىما گەپ قىلىپ، مەزلۇملارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچكەن قىساس ئوتىنى ئۆچۈرۈش، ئۆچ - ئاداۋەتنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئۈچۈن ئۇلارغا باشقا بىر ئوبيېكت كۆرسىتىپ بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ نەپرىتىنىڭ نىشانىنى بۇرىۋېتىش كېرەك ئىدى، دېمەكچى. بۇمۇ كوممۇنىستلارنىڭ دائىم ئىشلىتىپ ئادەتلەنگە ئۇسۇللىرىدىن بولۇپ، نورمالدا قىلغۇلۇق قىلىنىپ، خاتالار، ياۋۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان غەزەپ قىيانى كوممۇنىستلارنىڭ سەلتەنىتىنى گۇمران قىلىشقا يۈز تۇتقان ۋەزىيەتتە، ئۇلار بىرەر ھوقۇق رىقابەتچىسىنى قۇربانلىق قىلىپ، بارلىق يامانلىق، رەزىللىكلەرنىڭ سەۋەپكارى ئۇمىشتەك كۆرسىتىپ، كىشىلەردە «يامان يوقۇتۇلدى، ئەمدى ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، ياخشىلىنىپ كەتىسە كېرەك» دېگەندەك ئۈمىد پەيدا قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە كوممۇنىست ئۇستازلىرىدىن لېنىن شۇنداق دېگەنىدى: «جىمىكى ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى ئىجتىمائىي فونكسىيىگە مۇھتاج بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، جاللات فونكسىيىسى؛ يەنە بىرى، پوپلۇق فونكسىيىسى. جاللات — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ، پوپ ئېزىلگۈچىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇلارغا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە قۇربانلىقنى ئازايتىشنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ...شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى

1. تولۇق ئاپتونومىيە بولۇش؛

2. تەربىيىلىنىپ، هاللىنىۋېلىش؛

. ئاپتونوم رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

4. ناھايىتى كۆپ خىراجەت ياردەم قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىش؛

5.ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛

يۇقۇرىقى ئالتە ماددىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەشنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىسبىتىنى كۆپەيتىشنى، خىتاي كادىرلارنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىشنى، ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكۈلۈپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى.

خۇياۋباڭنىڭ قارىشىچە، سىياسەتتە شىنجاڭغا ئېتىۋار بېرىلسە، ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ خىتايلارغا تەبىئىي مايىللىشىدۇ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى تەبىئىي قوغدىلىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇيغۇرلار جوڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەرپنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەركۈنى چىقىرىپ بولۇپ يىغىۋېلىنغان دۆلەت بايرىقىنى ئەكىرىپ دەسسىگەن! قانداق ئۆچمەنلىك مۇشۇنداق دەرىجىگە ئېلىپ باردۇ؟!

خۇياۋباڭ ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە خاتالاشتى:

1. شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتايلار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئىتتىپاقلىشىش ئوبېكتى بولىدىغانلىقىنى، كۈچىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولالمايدىغانلىقىنى بىلمىدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددىنىڭ بىرنەچچە ماددىسى خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزدى. مەسىلەن، 60 پىرسەنت سىياسىتى ــ ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، ئالىي بۇنداق

مۇنداق ھۆكۈمرانلىقتا چىداشقا دەۋەت قىلىدۇ.»①

شەرقىي تۈركىستاننى «ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئىدى» دېگەننى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك مەھسۇلى شۇ بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «خىتايلىق» («جوڭگولۇق») دەپ تونۇيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «خىتايلىق» دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، «بىزنىڭ ۋەتىنىمىز باشقا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ دېمەك، «ھازىر بۇ دۆلەتنى خىتايلار ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇتۇۋاتىدۇ» دېگەندەك بىر گەپ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، خىتايلار بىزدىن ئۆزىمىزنى خىتايلار بىلەن بىر دۆلەتكە تەۋە، بىر ۋەتەنگە تەۋە دەپ بىلىشىمىزنى كۈتىدۇ ۋە بۇنى مەجبۇرى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي ئۇرىنىدۇ. ھەتتا خىتايلار بۇنداق بىر تونۇشنى بىزگە ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلدۇرۇپ بولدۇق دېگەن خىياللاردىمۇ بولۇدۇ. چۈنكى يىگىرمە ئەسىردىن بېرىكى ئىدىئولوگىيىلىك ئىسكەنجە ــ ئاشكارا- يوشۇرۇن تەشۋىقات، مائارىپ ۋاستىلىرى بىلەن بۇنى سىڭدۈرۈپ بولغاندەكمۇ قىلاتتى. بۇ ۋەتەنىنىڭ بېسىۋېلىنغانلىقىغا شاھىت بولغان بىر ئەۋلادنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن(خىتاينىڭ دېيىشكە ئادەتلەنگەن فورمىسى بويىچە: «قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن») ئەۋلاد ناھايىتى تەبىئىي ھالدا خىتاينىڭ كۈتكىنىدەك ئىدىيە بىلەن يېتىشكەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، خىتايلارنىڭ كۈتكەنلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەۋلادى ئىچىدىمۇ خىتاي ۋەتىنىنى «ۋەتىنىمىز» دەپ تونۇشقا ئۇنىمايدىغانلارنىڭ بايقىلىشى خىتايلارنى تەئەججۈپلەندۈردۇ. توغرىسى چۆچۈتىۋېتىدۇ:

« ئۇيغۇرلار جوڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەرپنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەركۈنى چىقىرىپ بولۇپ يىغىۋېلىنغان دۆلەت بايرىقىنى ئەكىرىپ دەسسىگەن!»

تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن خىتايلار، بېسىۋېلىنغان بىر مىللەت پۇخرالىرىنىڭ، تاجاۋۇزچى دۆلەتنى «دۆلىتىم» دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقەللىي ئادەتكىمۇ ھەيران قالىدۇ.

«شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتايلار

① «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بەرباد بولىشى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خىتايچە نەشرى، 638 - بەت.

ئۇيغۇر بولۇش كېرەك، دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى خىتايلارنى 2-دەرىجىلىك پۇخرا ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا ئاساسىي قاتلامنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيلىنى كۆمۈپ قويدى، ئۆز ئارا زىددىيەتنى ئىنتايىن كۆپەيتىۋەتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۈچەيتەلمىدى. بولۇپمۇ 90- يىللاردىن كېيىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار قىيىنچىلىقتا قالدى. يۇقۇرىقى سىياسەت يەنە بىر يۈك بولۇپ قالدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولدى. چۈنكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ نىسبىتى چوڭ، ساپاسى تۆۋەن ئىدى. ھەتتا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60 پىرسەنت بولۇش سىستېمىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يۈك بولۇپ قالدى. بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يۈك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي جەمىيەتتىن نارازى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ تارىختا ئۆتكەن ھەقانداق بىر مالىمانچىلىق، ھەرقانداق بىر تەشكىلنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىششىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەربىيىلەۋاتىدۇ.

2. ئەمەلىيەتتە قانۇن، ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى. ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ. بۇ سۆز سەل چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن، مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ساقلىشىدىكى ئىكەنلىكى...» ئالدامچى تەشۋىقاتلىرىدا دېيىلىۋاتقان بارلىق ساختا ساخاۋەتچىلىك، «ماشايىخ»لىق چۈمپەردىسىنى ئېچىپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. خىتايلار نورمالدا ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ؛ بۇ تۇپراقتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قان بىلەن گۆشتەك بىرلىكتە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئىددىئا قىلىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ بىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىپ يورۇقلۇققا چىقارغانلىقىنى ھېچ قىزارماستىن تەكىتلەپ تۇرىدۇ. ئەمما، يوقارقى سۆزى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىننى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەملىكە خەلققە ھېچ ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسى بولىشى كېرەك! چۈنكى تاجاۋۇزچى بىلەن ئىستىلاغا ئۇچرىغۇچى مەڭگۈ دوست ئەمەس، بەلكى ئەبەدىيلىك دۈشمەندۇر!

يەنە بۇ قۇرلاردا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، مۇناپىق ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بىرىنچى قول باشلىقلىقتىن ئىبارەت ئېتى بار سېپى يوق ئالدامچى سىياسىتىنىمۇ بىز ئۈچۈن ئارتۇق كەتكەن ھېساپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن «خىتايلارنىڭ 2 - دەرىجىلىك پۇخرا»لىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن داتلايدۇ. بۇ خۇددى ھازىرقى زامان ناتسىستى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان رۇس شوۋىنىستى ژىرىنوۋىسكىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ژىرىنوۋىسكى، قازاقىستاندىكى مىللىي تەڭسىزلىكنى تەتۈرسىچە تەسۋىرلەپ، قازاقىستاندا رۇسلارنىڭ 2 - دەرىجىلىك پۇخرا ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن داتلىغان ئىدى. ئۇ قازاقلارنىڭ پاراۋان، بەختىيارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، «ئاپامدىن ‹بىزنىڭ نېمىشكە بۇنداق...؟› دەپ سورايتتىم. ئاپام: ‹چۈنكى بىز قازاق ئەمەس› دەپ جاۋاپ بېرەتتى» دەپ يازغان. بىر ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى مۇستەملىكە مىللەتنىڭ ھۆكۈمران مىللەتتىن بەختلىك، ھوقۇقلۇق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى بۇ رەزىل ھېكايە قانچىلىك ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكىنى ئەقلى نورمال ھەركىم ھېس قىلالايدىغان ئاددىي رىجە.

خىتاي ئەنە شۇ ئاتالمىش «شەپقەتلەرگە كۆمۈۋەتكەن ئۇيغۇرلار»دىن ئاغرىنىپ شۇنداق يازىدۇ: «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۈچەيتەلمىدى.» بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بىرى، دېمەك، ساڭا بەك شەپقەت قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشمىگەن! يەنە بىرى، شەپقەتنىڭ راست بولغان تەقدىردىمۇ، كونىلاردىن كېلىۋاتقان «قەپەس — ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ يەنىلا قەپەس» دېگەن تەمسىلدىكى ھەقىقەتنى چۈشەنگىلى ئۇنىمىغان خىتاي

ئىلاجىسىزلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يالغان خاراكتېرلىق بەزى دېلولار، مەسىلەن، كاۋاپچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلغا ئاران ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىش قاتارلىقلار خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئەگەر 60 پىرسەنتلىك سىياسەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە زىيان سالدى دېيىلسە، ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنىڭ بۇنداق ناچارلىشىشى ياشاش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزدى. ئەگەر بولۇشىغا قويۇۋېتىلسە، كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىقنى ۋە نوپۇسنىڭ بىنورمال ئېشىشىنى — شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېقىشىنى پەيدا قىلىدۇ! ئوخشاشلا بۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىشتىن ئۇيغۇرلار مىننەتدار بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، گۆشنى تۇتقان ئادەم گۆشنى ئالمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ساقچىلاردا ئۇيغۇرلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. بۇنداق بولۇشىنى بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۇلارغا ئادەتلەندۈرۈپ قويغان. ۋاھالەنكى، بۇنداق سىياسەت خىتايلار ئارىسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟ ئەمدى يەنە بىر مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

1993- يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھرىدە قانلىق دېلو پەيدا بولدى. ئۇ دېلونى بۈگۈن ئويلىسىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. شىنجاڭدىكى خىتايلار ھاياتىنىڭ پاخالچىلىكىمۇ قەدرى بولمىغان. قەشقەر شەھرىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خىتاي ئايال باغچىنىڭ ئالدىدا بىليارد تاختىسى قۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. چۈشتە 14 ياشلىق سىڭلىسىنى ئېلىپ ئالىي مەكتەپتىن تەتىل قىلىپ كەلگەن قىز ئاپىسىنىڭ ئورنىدا بىليارد تاختىسىغا قاراپ تۇرغان. ئاپىسى تاماق يېگىلى كەتكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئانا يېڭىلا ئالىي مەكتەپكە چىققان قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان. قىزلارنىڭ ئاپىسى كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئۇيغۇر بالا بىليارد ئوينىغىلى كەلگەن. بىليارد ئويناۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ھېلىقى قىزنىڭ سىڭلىسىغا بىزەڭلىك قىلىشقا

مىللىي ئەقلى!

«... ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60% (يەرلىكلەردىن) بولۇش سىياسىتىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يوك بولۇپ قالدى، بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يوك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي نارازى بولدى.» ئىش بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي بولغانلىقى سەۋەبلىك، شوۋىنىستلىق خىتاي روھى ئۇيغۇرلارنى تەبىئىي چەتكە قېقىپ ئىشقا ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش تاپالماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ شورى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تەبىئىي مۇستەملىكە تۈزۈلمىسى — تاجاۋۇزچى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەر يەردە قارار چىقارغۇچى ئورۇندا بولىشى سەۋەب بولۇشتىن قاچۇرۇلۇدۇ. ھەتتا خىتايلارنىڭ ئۆزلىرى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە بۇ تەڭسىزلىكتىن تۇغۇلغان كىرىزىستىن نارازى بولۇشقا بولمايتى. يەنى خىتايلارنىڭ رەزىللىكىمۇ گۈزەللىك قاتارىدا ئۇلۇغلىنىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق ھېسسى مايىللىق تۈپەيلى، خىتاي، ئىشسىز قېلىش سەۋەبلىك جەمئىيەتتىن نارازى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى گويا ناھەق نارازى بولۇۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ!

تېخىمۇ زەھەرخەندە يېرى شۇكى، بۇنداق نارازىلىق ۋە بۇ نارازىلىقتىن تۇغۇلىدىغان مۇقەررەر قارشىلىق — مىلكلىي زىددىيەت ئۈچۈنمۇ خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭسىز سىياسەتلىرىدىن، شوۋىنىزىملىق تۇتۇمىدىن سەۋەب ئىزدەشنى خالىماي، چارىنى، ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ ئوقۇتماسلىقتا كۆرىدۇ ۋە شۇنداق كۆرسىتىدۇ. تەربىيە ئالغان نارازىلارنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، نادان قالدۇرۇلغان ھالدا نارازى بولسا، ئۇنىڭ ئانچە قورقۇنۇچلۇق خەۋپ بولمايدىغانلىقىنى ئىما قىلىدۇ: « تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر مالىمانچىلىق، ھەرقانداق بىر تەشكىلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىششىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەييارلاۋاتىدۇ.»

باشلىغان. قىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ سىڭلىسىنى قوغداپ، بىر ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىشىغا، كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىلىپ، شۇ ھامان جان ئۈزگەن. قىزنىڭ سىڭلىسى قايغۇ ـ غەزەپ بىلەن قاتتىق يىغلاشقا باشلىغاندا، ھېلىقى ئۇيغۇر بالىسى بازار تەرەپكە كېتىپ قالغان. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرەرسىمۇ ئۇنى توسىمىغان، ساقچىغىمۇ خەۋەر قىلمىغان. ئانا قايتىپ بۇ پاجىئەنى كۆرگەندىن كېيىن ساقچى چاقىرىپ كەلگەن. ساقچى ئەتراپتىكى ئادەملەردىن سورىغاندا بىرمۇ ئادەم جۈملىدىن بىلىيارد ئويناشقا بىللە كەلگەنلەرمۇ قاتىلنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ساقچىلار ئەتىسى قاتىلنى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان كارۋىتىدىن تۇتىۋېلىپ، سوراق قىلغاندا، تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قېلىپ، نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن دېگەن. سوت قاتىلغا سەۋەنلىك بىلەن ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن، دەپ ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جەمىيەتتە دەرھال غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىمىز دېگەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، نەپىقە بېرىشكە، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، يۇمشاق، قاتتىق ۋاسىتىلارنى قوللۇنۇپ، ۋەقەنى تىنجىتقاندىن كېيىن بېسىپ قويغان.

3. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گۈللىنىشى. تىل — بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا ـ ئاستا يوقۇتۇشتىن ئىبارەت. خۇياۋباڭ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويدى. 1980 ـ يىلى 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى مەسجىد ـ مەدرىسلەرنى ئېچىۋېتىش، قۇرئانى كەرىمنى قايتا نەشىر قىلىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مەسجىد ـ مەدرىسلەر قايتىدىن ئېچىلدى. بۇزۇلغان مەسجىد ـ مەدرىسلەر، ئىبادەتخانىلار، دىنىي خارابىلىقلار رېمونت قىلىندى. يېزىلار، شەھەرلەردىكى دىنىي مەكتەپلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك

خىتاي قاخشايدۇكى، «ئۇيغۇرلار بىلىمسىز قالدۇرۇلسا، نارازىلىقىمۇ تايىنلىق بولاتتى. چۈنكى بىلىمسىز ئادەملەر تەشكىللىنەلمەيتى. ئەمدى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، تەڭسىز جەمىيىتىمىزنىڭ شۈۋىن تۈزۈمى كاساپىتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان بۇ بىلىملىك تەبىقە، تەشكىللىك قارشىلىق قىلىشقا يارايدىغان، ھەتتا مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا قارشىلىق ھەركىتى تەشكىللىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق دۈشمەننى ئۆزىمىز تەربىيىلەپ بېرىۋاتىمىز. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنى ئوقۇتماسلىق كېرەك ئىدى!»

مانا بۇ ھەقىقىي ئىستىلاچىنىڭ نىيىتى! فاشىستىك مەپكۇرە! ناتسىستلار شۇنداق دېيىشمىگەنمىدى: « سلاۋيانلارنى ... تەربىيىگە ئىگە قىلىش خەتەرلىك. ئۇلار 100گىچە ساناق سانىيالىسىلا بولدى... تەربىيە ئالغۇچىدىن بىرى كۆپەيسە كەلگۈسىدە دۈشمەندىن بىرى كۆپىيىدۇ...»[1]

خىتايلارنىڭ شوۋىنىستلىق ئىشتاھاسى شۇ دەرىجىدە چوڭىيىۋاتىدۇكى، شۇئانغا قەدەر ۋەتىنىمىزدە ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەڭسىز قانۇنلار يېتەرلىك تۇيۇلمايۋېتىپتۇ. ئەسلىدىمۇ ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قالغان بولسا، بىرى خىتاي بولسا، چوقۇم خىتاي ھەقلىق ھېساپلىنىدىغان بۇ ئاتالمىش قانۇن، تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ پۇخرالىرىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ھۆكۈمران خاراكتېر يېتىلدۇرۇش، مىللەتچىلىك خورىكىنى ئۆستۈرۈش، ھەرگىزمۇ چۆكتۈرمەسلىك، مىللەتچىلىك روھىغا زەربە بەرمەسلىكنى ئاساس قىلىپ كېلىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، ماقالە ئاپتورى بۇ تەڭسىزلىكنى يېتەرلىك دەپ قارىماي، خىتايلارغا بەك ئۇۋال بولغان، ئۇيغۇرلارغا بەك كەڭچىلىك قىلىۋېتىلگەندەك ئويلايدۇ. خىتايلاردىكى تىپىك مىللىي كۆزى كىچىكلىكتىن مەنبەئەلەنگەن بۇ كۆز قاراش ھەر بىر دوقمۇشتا ئىپادىلىنىپ تۇرىۋاتسىمۇ، يۈتقۈنچىلىق تەبىئەت بۇ خىل تەڭسىزلىكنى، مىللىي زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

«قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى — دەپ زارلايدۇ ئۇ، — ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ.» دېمەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش قانۇن

---

[1] مارتىن بورمان (گىتلېرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى كاتىبى) («3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى»4 ـ كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

نوتىلىرىدەك كۆپىيىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن باللار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقۇدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىگە بەرمەي، باللارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى. دىنىي مەكتەپلەرگە بىر مەھەل باللار پاتماي قالدى. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم خىتاي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت، «ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا، دىن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ» دەپ قارىغان ئىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل ئاتېئىزىم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى. تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خىتايچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدوڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى — شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش 1961ـ يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خىتايچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇرىي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت

ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئەسلى نىيىتى دېگەنلىك بولۇپ، جۈملە بۇ تەرتىپتە بولسا ئاندىن ھەقىقىي مەخسەت ئىپادىلەنگەن بولىدۇ: «ئەگەر ھەقىقىي نىيىتىمىز بويىچە ئىش كۆرۈلۈدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ.» بۇ جۈملىلەرنى يېزىۋاتقان خىتاي، خىتايلارغا خاس بولغان چەمىيۈزلۈك بىلەن، دەل ئۆزلىرىنىڭ شوۋىنىستلىق سىياسىتى، تەڭسىز جەمىيەت تۈزۈلمىسى، ئادالەتسىز مۇستەملىكە قانۇنى ئۇيغۇر ياشلىرىنى جىنايەتكە قىستاۋاتقان، جىنايى ئۆسمۈرلۈك يېتىشتۈرىۋاتقان يامان تۇپراق ئىكەنلىكىنى بىلمەس بولىۋېلىپ، «يامان سۈپەتلىك ئوتلار ئۈنۈپ كەتكەنلىكى»دىن قاخشايدۇ. ئاددىي ساۋات شۇكى، مۇۋاپىق تۇپراق بولمىسا مۇناسىپ ئۆسۈملۈكمۇ بولمايدۇ!

بۇ قۇرلاردىكى خىتايلارنىڭ يېتەرلىك ئەتىۋارلانمىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە «ئارزۇلۇق بالا» مۇئامىلىسى كۆرىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بايانلاردىن خىتايلارنىڭ نەقەدەر نومۇسسىزلىقىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تېخى بۇ مەۋقۇت تەڭسىزلىكنى تېخىمۇ تەڭسىزلەشتۈرۈش ياۋۇز نىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس!

«تىل — بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا ـ ئاستا يوقۇتۇشتىن ئىبارەت.» ئىلگىرىكى جىلدلىرىمىزدىكى ماقالىلاردا مىللىي تىلىمىز ھەققىدە، ئۇنى قوغداش، ساقلاپ قېلىشنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاشنىڭ شەرتلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇ مەۋزۇدا مۇنازىرە قوزغاش، ھەممە كىشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرىنى، ئەقلىنى، چارە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشىنى كۈتكەن ئىدۇق. مىللەتكە كۆيۈنۈپ ھېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن شۇنچە كۆپ بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ بولغىنىغا قارىماي، بۇ ھەقتە ئىلمىيلىكى، ئەمەلىي مەنپەئەتى بولغان بىرەر يازمىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماي، بۇ تېما كونىراپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم مەزكۇر «يۈزەكى مۇھاكىمە» ئېلان قىلىنغان «ئەينەك» تور بېتىدە يەنە بىر قېتىم مۇنازىرە قوزغاشقا ئۇرۇنۇلغان بولسىمۇ، مىللىي تەقدىرگە كۆيۈنۈپ، ھەر ئىشقا دىققەت قىلىپلا تۇرىۋاتقاندەك كۆرۈنۈدىغان ۋە «پىت بازىرى»دا توختىماي «پىكىر بايان قىلىپ» تۇرىدىغان جاناپلارنىڭ بۇ سورۇندا قارىسى كۆرۈنمىدى. ئەمدى مەزكۇر خىتاينىڭ ماقالىسى ئەندىشىلىرىمىز ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولۇپ تۇرۇپتۇ.

كۇنسېرى ئېغىرلىشىپ، خىتايلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ موھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى خىتاي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەينى چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت ساددىلىق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇرلارغا ياخشىچاق بولغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى، يەنە كېيىنكىلەرگىمۇ زىيان سالدى. ئۇيلاپ باقايلى، ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئۇيغۇرچە تەربىيە ئالسا، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ بىر يىل خىتايچە ئوقۇسا، ئاندىن كېيىن تۆرت يىل خىتاي تىلىدا كەسپىي دەرس ئوقۇسا، نېمە ئۆگىنەلەيدۇ؟

4. ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1ـ قولى ئۇيغۇردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللىغان. نۇرغۇن چاغلاردا ئۇيغۇردىن بولغان 1ـ قول باشلىقنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئوق چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ بىكاردىن ـ بىكار قۇربان بولغان (شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قاراڭ). ئاساسىي قاتلاملاردا ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلار ئۇيغۇرلارغا مەخسەتلىك ياكى مەخسەتسىز يان باسسىلا، خىتايلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بەك يامانلاشقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خىتايلار بىر قەدەر سەۋرچان ۋە جاپاغا چىدامىلىق بولۇپ، جان باققۇدەك ئىمكانىيەت بولسىلا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ئاللىقاچان يۈز بەرگەن بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر چەتئەللەردىكى جامائەت پىكرىدە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا

تىل مەسىلىسىدىكى جىددىيلىك مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدا بىلىنگەن ۋە كۆپچىلىك تەرىپىدىن بىردەك تونۇلغان نۇقتا بولۇپ، باشقا كونا مۇستەملىكىچىلەرمۇ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە يەرلىك تىللارنى يوقۇتۇۋېتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئىزنالىرىنى بۈگۈنمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: بۇ مۇستەملىكىلەر مۇستەقىللىقىقا ئېرىشكەن ئۇزۇن بىر قەرنەدىن كېيىنمۇ بۇ دۆلەتلەردە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىلى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تىل بولۇپ تۇرماقتا. تىلنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن مىللىي سۈپەتنىڭ ئەڭ موھىم بىرسى يوقالغان بولۇدۇ ۋە بۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تۈگىگەنلىكى دەرھال ھىس قىلىنىدۇ.

ئەكسى ھالدا، تىل بىرلىكى ھىسسىيات بىرلىكى، ئىستېتىك ئۆلچەم، ھەتتا دۇنيا قاراش بىرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دېمەك، خىتاي تىلىنى مېنىڭسىگەن ئۇيغۇرلاردا خىتايلار بىلەن ھېسسىيات ئورتاقلىقى شەكىللىنىدۇ دېگەن گەپ! خىتايلارنىڭ ئەسلىدە يىرگىنىشلىك بولغان نۇرغۇن تەرەپلىرى گۈزەل كۆرۈنۈشكە، ئەلا ئالاھىدىلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئىنساننىڭ مەلۇم نەرسىدىن يىركىنىشى — ئۇ نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۆزىنى قوغداشقا سەۋەپ بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەلۇم نەرسىنىڭ گۈزەل ۋە ئەلا بولۇپ تۇيۇلىشى — ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىۋېلىشقا ھېرىسمەن بولىدىغانلىقىنىڭ سىگنالىدۇر. خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ھەتتا خىتاي يوق مۇھىتلاردىمۇ (چەتئەللەردە) خىتاينى ئىزدەپ تېپىپ دوست تارتىشىپ يۈرىدىغانلىقى، خىتايلارنىڭ نەرسىلىرى، قىلىقلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ خالىس تەشۋىقاتچىلىقى ۋە ئادۋۇكاتلىقىنى قىلىشلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. مانا بۇ تىل بىرلىكىدىن شەكىللەنگەن ھېسسىيات بىرلىكىدۇر.

خىتاي شۇنداق زارلارىيدۇ: «... مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقۇدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىگە بەرمەي، بالىلارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى.» « شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت، ‹ئۇلۇغ سوتسيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا، دىن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ› دەپ قارىغان ئىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل ئاتئىزىم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلىپ قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى.»

ئەگەر «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى ھىمايە قىلىش» توغرا دېيىلسە، ئۇ ھالدا خىتاينىڭ زارلاشلىرىدىن نېمىنى ھىمايە قىلىپ نېمىگە قارشى تۇرۇشىمىز ئېنىق

بولسىلا، خوۋاۋباغنى ماختاپ، ۋاڭ جىننى كەمسىتىدىغان سۆزلەر بولىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىتى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا ئوخشىمىغان ئۈنۈم بەردى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھال مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

## ئاھالە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر

بىرەر جاينى ئىدارە قىلىشتا بىرىنچىسى ئادەم. جۈملىدىن باشقۇرۇش تەبىقىسى ۋە باشقۇرغۇچىلار تايىنىدىغان ئاۋام تەبىقىسى، يەنى كۈچىنىڭ مەنبەئەسى؛ ئىككىنچىسى، ماددىي ئاساس، يەنى كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بولىدۇ.

بىرىنچى نۇقتىدا ئىككى ئۇسۇل بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خىتايلاردىن ئايرىلالمايدىغان قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ. دۆلەت بېيىپ كۈچەيگەندە يەرلىك مىللەتلەرنى باقسا، ئۇلار دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇشنى خالايدۇ. دۆلەت خاراپلاشقاندا ئۇلار مۇستەقىل بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. بۇنداق سېتىۋېلىش مەخسەت قىلىنغان «ئىبادەتخانا سېلىش» ۋە بېقىشلار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ بولىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ نۇرغۇن «غەرپلەشكەن، ئۇقۇمۇشلۇق»لىرىمىز دىنىدىنمۇ، كونا يېزىقىمىزدىنمۇ بىزارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشماقتا. خىتايلارنىڭ دىنىمىز ۋە يېزىقىمىز ھەققىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئۇقۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا تۇتۇملىرىنى ئۆزگەرتمىسە بۇ «ئېڭى ئالغا كەتكەن ئىلغار» تەبىقىمىز ھەققىدە نېمە ئويلىساق توغرا بولىدۇ؟ يېزىقىمىز ھەققىدە خىتاي يەنە شۇ قۇرلارنى يازىدۇ:

كېلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم. بۇنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان — شەندوڭ قاتارلىق

بولىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ نۇرغۇن «غەرپلەشكەن، ئۇقۇمۇشلۇق»لىرىمىز دىنىدىنمۇ، كونا يېزىقىمىزدىنمۇ بىزارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشماقتا. خىتايلارنىڭ دىنىمىز ۋە يېزىقىمىز ھەققىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئۇقۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا تۇتۇملىرىنى ئۆزگەرتمىسە بۇ «ئېڭى ئالغا كەتكەن ئىلغار» تەبىقىمىز ھەققىدە نېمە ئويلىساق توغرا بولىدۇ؟ يېزىقىمىز ھەققىدە خىتاي يەنە شۇ قۇرلارنى يازىدۇ:

«تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982- يىلى 13 - سىنتەبىردە ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. ... شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدوڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى — شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ موھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!»

«مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، خىتايلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ موھىم ۋاسىتە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى خىتاي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.»

چەتئەللەردە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ زۇۋانى ھېساپلىنىدىغان توربەتلىرى بار. بۇلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ دەل خىتايلار ئارزۇلىغان «يېڭى يېزىق»نى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنى مىللىي داۋانىڭ ھەغداسى دەۋالغىنىغا قارىماي، يېزىقىمىزدىن ئىبارەت مىللىي بەلگىمىزنى تاشلىۋېتىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش ئىچىدە كۆرىمىز. بۇ داۋاچىلارنىڭ سەممىيىتى قانچىلىك ئىشەنچلىكتۇر؟

جايلاردىن شەرقىي شىمالغا ھەركۈنى نەچچە پويىزدا ئادەم يۆتكىگەن. بۇ — يېقىنقى زاماندا شەرقىي شىمالنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىش - قۇرۇر قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاساسلىقى مۇشۇ تەپەككۇر نەزەرگە ئېلىنغان. شىنجاڭ ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ باقايلى:

ئىش - قۇر قىسىملىرى تەۋەلىكىدە 13 يېزائىگىلىك دېۋىزىيىسى، بىر قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسى، 174 دىھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە نۇرغۇن سانائەت قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرى بار. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىش - قۇر قىسىملىرىغا قاراشلىق ئومۇمىي نوپۇس ئىككى مىليون 427 مىڭ 900 كىشى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 703 مىڭ 700 كىشى بولدى. ئىش - قۇر قىسىملىرىغا قاراشلىق ئورۇنلار شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تارقىلىپ، ھەربىر رايونغا قوزۇق بولۇپ قېقىلىپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلىندى.

لېكىن كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياسىتى شىنجاڭدا رېئال مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بىرىنچىدىن، ماددىي ئاساس، ئەڭ موھىمى سۇ مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. سۇ بولمىسا ئادەم ياشىيالمايدۇ.شىنجاڭدىكى ھۆل - يېغىن ئاساسلىقى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ غەربىي شىمال ئېقىمىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىن كېلىدۇ. تېنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياننىڭ پەسىللىك شاملى شىنجاڭغا كىرەلمەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، جوڭگونىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى (630م م)نىڭ 23%گە توغرا كېلىدۇ. يەر شارىنىڭ ئوخشاش كەڭلىكىدىكى رايونلار ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز. ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى مۇنداق: ھۆل - يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسىمدا شەرقىي قىسىمدىكىدىن كۆپ، تاغلىق جايلاردا تۈزلەڭلىكتىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقنىڭ چۆرىسىدە ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدىن كۆپ، شامال تېگىدىغان يانتۇلۇقلاردا شامال

خىتايلار ئاشۇ زاماندىكى ئالدىنقى ئەۋلاد خىتاي ھۆكۈمرانلىرى يولغا قويغان ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىگە ھەۋەسلىنىدۇ. ئەمدى بۇنداق بىر يېزىق ئۆزگەرتىش تەكرارلانسا، نىيەت ھەددىدىن زىيادە چېنىپ قالغاندىن باشقا، « بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.»

بەلكىم دەل شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردىكى ئايغاقچى كۈچلەر، «خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك» ئۇيغۇر يېزىقى قوللانماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، «ئۆتكۈر قىرلارنى يۇمشۇتۇش سىنىقى» ئېلىپ بېرىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا ئادەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتسا كېرەك. ئاندىن گويا «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى شۇنى خالىغان»دەك ۋەزىيەت يارىتىپ، خىتايلارنىڭ خەلقارا بېسىمغا ئۇچرىماستىن يەنە بىر قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىشكە زېمىن يارىتىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، ئەمىسە نېمىشكە؟ نېمىشكە ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇدۇ؟

ئۇيغۇر مۇناپىقلار شۇ قۇرلاردىن نېمىلەرنى چۈشىنەر؟ « ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1- قولى ئۇيغۇردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللىغان.» شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش مىللىي باشلىقلار نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، مىللىي غورۇر تۇيغۇسى، ئىنسانىي تۇيغۇسى تامامەن يوقلۇقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن تاللىنىدىغان ۋە تاللانغاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇق بېرىلمەي قورچاق قىلىپ قويۇلىدىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ غالچىسى بولغان ئاشۇ مۇناپىقلارغىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭمۇ مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا يەنە ئەسلىگە تارتىپ، شەرقىي تۈركىستانچىلارغا يان بېسىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ھەتتا بۇنىڭ تارىختا نۇرغۇن مىساللىرى بولغانلىقىنى يازىدۇ! بۇ دېگەنلىك، بىر ئۇيغۇر قانچىلىك غالچىلىق قىلىپ كەتسىمۇ، مىللىيلىكىدىن تانسىمۇ، ھەممىنى ئۇنۇتقان بىر يالاقچىغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ خىتايلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ!

«مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ.» خىتايلار بۇ قانۇنىيەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا تەبىئىي قانۇنىيەتكە قارشى ھالدا «ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئۇرۇنۇشىدىن يانمايدۇ. بۇ خىل ئىچكىي قانۇنىيەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئۇرۇنۇش ناھايىتى تەبىئىيكى، ئىختىيارلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. زورلۇق كۈچ تەلەپ

تەگمەيدىغان يانتۇلۇقلاردىكىدىن كۆپ. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ قۇرغاق كېلىماتىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، كۆپىنچە يەرلەر قۇملۇق — چۆل. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى 95% نوپۇس شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارغا توپلانغان. بوستانلىق رايونلاردا نوپۇسنىڭ زىچلىقى بىر كۋادرات كىلومېترغا 200 ئادەم بولغان، بەزى جايلاردا 500 ئادەمگە يېتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇس زىچلىقىغا يېقىنلاشقان. ئەگەر يېڭى سۇ مەنبەسى بولمىسا، كۆچمەن يۆتكەش بوشلۇقى قالمايدۇ. شۇڭا باشقىچە ئاھالە كۆچۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشىمىزغا، يەنى ئىچكىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2-ئەۋلادىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوشۇلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىشى جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئامانلىق ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن 20 يىلدا شىنجاڭدىن 200مىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىسى كېتىپ قالغان. بۇ، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى. لېكىن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەسىلىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. غەربىي رايوندا ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەيدۇ. كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق كېتىپ قېلىشى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ كېتىدۇ. كېتىپ قالغانلارنىڭ ئۇلگە كۆرسىتىش تەسىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ كېتىپ قېلىشىغا سەۋەپچى قىلىدۇ. زورلۇق كۈچنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ خىتايلار بۇنىڭغىمۇ ئۆزلىرى جاۋاپ بېرىپ كەلگەن ئىدى: «زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بولىدۇ!» ئەمما خىتايلار يەنە تەتۈرلۈك بىلەن، بىزنىڭ قارشىلىقلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمى زېمىنىدە ئۈنگەن دېگىلى ئۇنىمايدۇ. مانا بۇ خىتاي مىللىي خاسلىقىدۇر.

«يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خىتايلاردىن ئايرىلالمايدىغان قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.» بۇنىڭ كونكرېت شەكلى قانداق؟ «ئۇيغۇرلارنى تۇڭگان، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك.»

بۇ يەردە خىتاي يەرلىك مىللەتلەرگە ياخشىچاق بولۇش سىياسىتى ئارقىلىق بۇ زېمىننى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يات بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق پارچىلاش ئارقىلىق، بىر ئاساسىي مىللەتنى يېتىم قالدۇرۇش، باشقا ئاز سانلىقلارنى بىر ئاز يۆلەش شەكلى بىلەن، نەپرەتنىڭ نىشانىنى بۇرىۋېتىش ۋە كۈچنى پارچىلىۋېتىش مېتودىنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، قەدىمدىن كېلىۋاتقان كونا مېتودنىڭ يېڭىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىشىدۇر.

ئىككىنچى ئۇسۇل، « كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم.»

بۇمۇ يېڭى كەشپىيات ئەمەس. غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئۇسۇلنى ئومۇملاشتۇرالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، مۇستەملىكىلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما خىتايلار بۇ ئۇسۇلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللۇنۇپ، ئىلگىرى مانجۇلارنىڭ ۋەتىنىنى تامامەن خەرىتىدىن ئۆچۈرىۋەتكەن ئىدى: «بۇنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان — شەندوڭ قاتارلىق جايلاردىن شەرقىي شىمالغا ھەركۈنى نەچچە يۈزدا ئادەم يۆتكىگەن. بۇ — يېقىنقى زاماندا شەرقىي شىمالنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.»

بىزمۇ مانجۇلاردەك خىتاي كەلكۈنى ئاستىدا قېلىپ تۈگەپ كېتىمىزمۇ؟

ياق! بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مانجۇلاردىن پەرقلىق. بىرىنچىدىن بىز مۇسۇلمان. دىنىي پەرقىمىز خىتايلارنى بۇ نىيەتلىرىگە يېتىشتە ئۇزاققىچە توسۇپ تۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېتىقادىمىزدا مەھكەم بولۇشۇمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىز بىلەن خىتايلار بىر كۈلتۈر توپىغا، بىر

بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەھۋال تاشقى كۈچ بىلەن چەكلىمىگۈچە ــ مەسىلەن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئاچمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ.

هازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. قورقۇنۇچلۇقى شۇكى، كوسوۋودىكى سېربلار كەڭ كۆلەمدە يوگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كۆچكەندەك، ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جوڭگۇدىكى يامان ئىش بولىدۇ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بىشارەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جوڭگونىڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى (مەسىلەن نوپۇس تۈزىمى، ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىش كېنىشكىسى تۈزۈمى) بولغاچقا، بۇنداق كۆچۈش ۋاقىتىنچە يېز بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلمىسە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، نوپۇسنىڭ بۇنداق ئىستىخىيىلىك كۆچۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

## 2. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى

بىرىنچىدىن، سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، سۈنى تېجەش. (بۇ مەۋزۇ تېكىستى قىسقارتىۋېتىلدى)

... ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ــ نىسبىتى 50%تىن ئېشىپ كېتىدىغان رايون بەش بولۇپ، بۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى مەركەزلەشكەن. بۇ بەش رايون: خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت. جۈملىدىن خوتەن ۋە قەشقەر شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىنىڭ ماكانى. ئىسرائىلىيىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خىتايلارنى كەڭ كۆلەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم (ئادەم يوق يەرلەرگە كۆچۈرۈش كېرەك. خىتايلار كېلىپ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بوشلۇقنى تارتىۋالدى، دەيدىغان تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق لازىم). شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكتىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ياخشىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلانىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىنىڭ مەۋقۇت بولۇش بوشلۇقى چەكلىنىدۇ.

تىل سىستېمىغا تەۋە خەلقلەردىن ئەمەس! بۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بىلەن بولغان كۈلتۈر پەرقىمىزنى، تىلىمىزنى جان ـ جەھلىمىز بىلەن قوغدىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشى تەبىئىي توسالغۇغا دۇچ كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يەر بىپايان، ئەمما سۇ قىس. يېتەرلىك ساندا خىتاي كۆچۈرەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭمۇ چارىسى بار: «باشقىچە ئاھالە كۆچۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشىمىزغا، يەنى ئىچكىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2ـ ئەۋلادىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوشۇلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.» يەنى، خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرگىلى بولماي قالسا، ئۇيغۇرلارنى خىتاي يۇرتلىرىغا كۆچۈرۈش كېرەك!

ئەمما بۇنىڭدا دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا كۆچۈرۈش نىشانى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۇردە، تېخىمۇ زەھەرخەندە شەكىلدە، خىتايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ بەك پايدا كەلتۈرىدىغان ــ قوش پايدىلىق شەكىلدە ئىجرائاتقا قويۇلۇۋاتىدۇ:

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايغا مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلىپ، ئەرزان باھالىق ھازىرقى زامان قۇللار سىنىپىنى شەكىللەندۇرۇشى، خىتايلارنىڭ يالغۇز بالا سىياسىتى تۈپەيلى پەقەتلا ئوغۇلبالا تېپىشنىلا نىشان قىلغان خىتاي ئائىلىلىرىنىڭ ئېپتىدائىي، فىئوداللىق ئاڭ فورمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەر ـ ئايال نوپۇسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ــ خىتاي جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئايالlar نوپۇسىنىڭ كەملەپ كېتىش كىرىزىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىتىش نىشانىغا يەتمەكچى ۋە بىزنىڭ كەلگۈسى نوپۇسىمىزنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئانىلارنى تۈگەتمەكچى بولۇشتەك قوش پايدىغا ئېرىشىۋاتىدۇ!

«چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن» دېگەندەك، بىرياقتا «ئېنىدىنمۇ، گېزىدىنمۇ كېتىش»؛ يەنە بىر تەرەپتە «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش».

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتايلاردا يەنە بىر ئەندىشىمۇ بار (ۋاي بۇ خەقنىڭكىنى مېنىڭ دېۋالماقنىڭ تەسلىكى!): تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەرنىڭ ھەر پۇرسەتتە ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. تاجاۋۇزچىلار، ئىستىلا خاراكتېرىدىكى كۆچمەنلىرىنى ۋەتىنىمىزگە يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى شۇملۇقنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خىتايلار بۇ يات ئەلدە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ماكانلىشىپ قېلىشنى خالاپ كەتمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر پۇرسەتتە ۋەتىنىگە كېتىشنىڭ كويىدا.

## 3. هازىرقى باسقۇچتا ھۆكۈمەت قوللۇنىدىغان تاكتىكىلار

هازىرقى شەرقىي تۈركىستان تېرورچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەركىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت تۆۋەندىكى تاكتىكىلارنى قوللۇنۇشقا بولىدۇ:

ئا. تېرورلۇق ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرورچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خىلقارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تۇتۇلۇپ، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن تېرورچىلار كۆپ ھاللاردا تېرورچى تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىسى بولۇپ قالغان.

ئە. تېرورچى تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

ب. خەلقارالىق مۇداپىئە كۆرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر خەلقارادىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا شەرقىي تۈركىستان تېرورچى تەشكىلاتلىرى مەڭگۈ كېلىمات يارىتالمايدۇ. خەلقارادا جوڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا گېرتسىيە كوزىرى، سىپرۇس كوزىرى بار. تۈركىيىگە نىسبەتەن ساياھەت — ئىقتىساد كوزىرى، كوردلار كوزىرى بار. ئوتتۇرا شەرقتە سەئۇدىي ئەرەبىستانىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كوزىرى بار؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئۆتكۈر قورال ھېساپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، نەزەرنى شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىغىلا تىككەندە بەك يۈزەكىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق كۈچى ھەقىقىي نىشان ھېساپلىنىدۇ.

پ. ئۇيغۇرلارنى تۇڭگان، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك. ئەگەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ نەرسە بولىدۇكى، يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە بۇ پىرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موغۇللار ئاران 4.5%نى، ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موغۇللارنىڭيەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ 6.8%نى، ئۇيغۇرلار 16%نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر تەبىئىي بايلىقنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرگەندە بۇ پىرىنسىپنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ماقالە ئاپتورى كېيىنكى يىگىرمە يىلدا 200 مىڭ خىتاي كۆچمەننىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق تەرەپلىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يوقۇرىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان «خىتايلارغا بەك ئۇۋال بولۇپ، ‹ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇخرا› سالاھىيىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقى»دەك شەرمەندە يالغانىنىڭ كۆتى ئېچىلىپ قالغىنىغىمۇ قارىماي، شۇنداق زارلايدۇ: « كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبېكتلار ئىدى.» دېمەك، ۋەتىنىمىزدىكى ئىستىلاچى خاراكتېرى ئالغان كۆچمەن نوپۇس بۇ يەردە « ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبېكتلار» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ گۇماشتىلىرى «ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇخرا» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خىتاينىڭ ئاۋالقى سەھىپىلەردە بازارغا سالغان دەۋالىرى يالغانغا چىقىدۇ. بۇ كېيىنكى قۇرلاردا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ: « بۇنداق كېتىپ قېلىش ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى.»

خىتاي بۇنداق كېتىپ قېلىشنىڭ يامان ئۆلگىسى، ئارقىدىن داۋاملىق كېتىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ئاھالە كېتىپ قېلىشى، ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا، ئاتالمىش بازارغا سېلىنىۋاتقان «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە ئىختىساس ئىگىلىرى كېلىۋاتقانلىقى» ئالدامچىلىقىنىمۇ ئۆزى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەنى، ئۇ كېتىپ قالغانلارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى بولىشى ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، قورقۇنۇچلۇقى ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ: «ھازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. قورقۇنۇچلۇقى شۇكى، كوسوۋودىكى سېربلار كەڭ كۆلەمدە يوگسلاۋىيىنىڭ ئىچكىي رايونلىرىغا كۆچكەندەك، ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جوڭگودىكى يامان ئىش بولىدۇ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بىشارەت بولىدۇ»

نېمە ئۈچۈن ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى شۇنچىلىك موھىم؟ مۇستەملىكىنى ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى تۇتۇپ تۇرامدۇ؟ ياكى ھەر خىل نام ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى خىتاي ئارمىيىسىمۇ؟ ئەسلى چۈشىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە بۇ.

پۇخراسى يوق ئارمىيە يېتىم ئارمىيە بولۇپ، بۇنداق ئارمىيەنىڭ چوقۇم يۈرىكى پوك - پوك بولىدۇ. يۈرىكىنىڭ پوك ـ پوك بولىشى جەڭگىۋارلىقىنىڭ سۇنىشى دېمەكتۇر. ئەڭ

ت.شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۇردە ئاشۇرۇپ شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش لازىم. بىزگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى كونترول قىلىشى مەيلى ۋاستە جەھەتتىن ياكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن ناچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ج. شىنجاڭدىكى قانۇن ـ تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خىتايلار ئامىمىسىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۇرۇش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خىتايلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى پاختىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىچۈەن دېھقانلىرى يىغىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئاز ھەق ئېلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندوڭلۇقلار شەنخەيگۈەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولىدۇ.

## شىنجاڭ مەسىلىسى جوڭگۇ ھۆكۈمىتى دۇچكەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ

ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى ــ ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى (كوسوۋو ئەندىزىسى)نى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا كىرگۈزۈپ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شىنجاڭنى مەھكەم ئىگىلەپ ئېچىش بىزنىڭ نىشانىمىز، شۇنداقلا جوڭخۇانىڭ كەلگۈسى ھۆساپلىنىدۇ. شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىر يۈرۈش پىلان بولۇشى كېرەك. يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقۇتۇش لازىم. تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

ئاددىي بىر تەسەۋۋۇر بىلەن بۇنى شۇنداق ئىسپاتلاش مۇمكىن: بىر ئەسكەر يارىلانسا ۋە دېھقاننىڭ ئېتىزىغا يىقىلىپ قالغان بولسا، دېھقان ئۇنى دۈشمەنگە كۆرسەتمەي سامانىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويسا، بۇنىڭدىن ئارمىيە ــ خەلق بىرلىكسېپىدىن ئىبارەت پولات قورغان ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەسكەرنىڭ دېھقان ياكى ئىشچىدىن پۇخراسى يوق بولسىچۇ؟ دېھقان ئۇنىڭ ئەمەس، «دۈشمەن»نىڭ دېھقىنى بولسىچۇ؟ تەبىئىيكى ئۇنى يوشۇرۇپ قويمايلا قالماي، ئۇنىڭ ياردارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئارا تىقىپ ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ بىر ئەسكەر ئۈچۈن نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق؟

دەل مۇشۇنداق پىسخىك ئاساسىنى تەتقىق قىلغان كىشىلىرىمىزدىن «ئىزچىمەن» ئەپەندى «يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم» كىتابىدا خىتايلارنىڭ ئارمىيىسى بىلەن ئەمەس (بىزنىڭ بۇنداق ئىمكانلىرىمىز بولماسلىقىدەك ئەمەلىيەتكە كۆرە)، خىتاي پۇخرالىرى بىلەن ھەپىلىشىش، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە تېرىپ، ئۇلارنى قاچۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تاجاۋۇزچى ئارمىيىنى يېتىم قالدۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئەمدى خىتاينىڭ «ئىنسانلىق سۈپەتلىرى»نى دەلىللەيدىغان قۇرلارغا قارايلى: «تېرورلۇق ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرورچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خىلقارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم.» مانا بۇ خىتايلارنىڭ ياۋۇز ئەپتى ـ بەشىرىسى!

بىر چاغلاردا ــ خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ھەركۈن دېگۈدەك غەرپ جاھانگىرلىكى ۋە «سوتسىيال جاھانگىرلىك»نى سۆكۈدىغان چاغلاردا ــ 3ـ دۇنيا ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ھەققىدە «دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولىشى، مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا (ياكى بەزىدە ــ پولات ئېقىمغا) ئايلاندى» دەپ كاپشىيدىغان كوممۇنىستلار بىزنىڭمۇ مۇستەقىل بولۇش ھەققىمىزنىڭ بارلىقىنى، مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بىزنىڭمۇ باشقا بىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى رەت قىلىش ھەققىمىزنىڭ بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئەجەبا؟ بىزگە كەلگەندە «ئازاتلىققا ئىنتىلگەن گۇناھ»ىمىز ئۈچۈن «قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش كېرەك»كەن، ئەجەبا!؟

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك مىللەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىش ئارقىلىق باشقۇرۇش كونا چارە بولۇپ، بۇنى ھازىر ھەركىم بىلىدىغان دەرىجىگە كەلدى. بىزمۇ ئىلگىرىكى كۆپ ماقالىلەردە بۇ مەزمۇنلاردا مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان

ئىدۇق. بۇ يەردە خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈشتىكى سۈئىقەستلىك شۇملۇقلىرىدىن ئاز تولا بىلىپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق دەپ، شۇ ئېتىراپلارغا دىققەت چەكمەك ئىستەيمىز:

«يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە بۇ پرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موغۇللار ئاران 4.5%نى، ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موغۇللارنىڭ يەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسنىڭ 6.8%نى، ئۇيغۇرلار 16%نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك...»

بۇ ئۇسۇلمۇ كونا ـ يېڭى مۇستەملىكىچىلەر ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ئۇسۇل بولۇپ، سابىق يوگسلاۋىيىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە كۆرۈلگەن توقۇنۇشلارنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشى، ئەنە شۇنداق شۇملۇقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال بوگۇنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، خۇددى مۇددەتلىك بومبىدەك، تېنچلىقنى بۇزىدىغان يوشۇرۇن خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا: ئۆزبېكلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان ئوش ۋە جالال ئاباد رايونىنىڭ قىرغىزستانغا بېرىلىشى، چىمكەنت رايونىنىڭ قازاقىستانغا بېرىلىشى؛ تاجىكلار كۆپرەك بولغان بەزى جايلارنىڭ ئۆزبەكستاندا، ئۆزبەكلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان بەزى جايلارنىڭ تاجىكستاندا بولۇشى؛ ھەتتا دۆلەت ئىچىدە باشقا دۆلەت زېمىنى بولۇش (ئارال شەكىللىك) قاتارلىق شۇملۇقلار ھامان بىر كۈنى بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىر- بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

يىللاردىن بىرى «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يوقىرى كۆتۈرۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان تاجاۋۇزچىلار ئەمدى بۇنىڭ بىر قۇرۇق شۇئار — ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ: « شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.» بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» شەكلىدىكى ئالدامچىلىقنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشنى، ئىلگىرىكى ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «بىزگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.» ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە بەرمەي تۇرۇپ، بەرگەندەك بولۇۋېلىپ يالغاننى ئېتىۋەرسەڭ، كىشىلەر خالار -

1. خىتاي تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خىتاي تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خىتايلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى خىتاي تىلى ئىشلىتىش (ياكى خىتايچىنى ياخشى ئۆگىنىشنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش) لازىم. ئىچكىرىسىدىكى كارخانىلار ۋە ھەر خىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. بۇنى ھەش - پەش دېگۈچە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇلسا ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، لېكىن خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىق لازىم. يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدىغان سىياسەت بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بيۇكراتلىق ئەنئەنىسىدىكى جوڭگودا ئىنتايىن چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. قانۇننى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، دكلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، خىتايلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى 2ـ دەرىجىلىك پۇخرالىق مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ كۆڭلىنى تېچلاندۇرۇش لازىم. ھازىر خىتايلارنىڭ ئىچكىرىسىگە كەتمەسلىكىدە نوپۇس تۈزۈمى موھىم سەۋەپ بولۇپ

خالىماس بۇ يالغانلارغا ئىشىنىپ قالىدۇ، دېمەكچى بولۇشۇدۇ. دېمىسىمۇ ئاتالمىش «ئازاتلىق»تىن بۇيان تاجاۋۇزچى خىتاي كوممۇنىستلىرى ھەمىشە دېگۈدەك ئېتىكىمىزنى پۈچەك ياڭاق بىلەن تولدۇرۇپ كەلدى.

«شىنجاڭدىكى قانۇن- تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خىتايلار ئامما قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خىتايلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ... ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندوڭلۇقلار شەنخەيگۈەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولىدۇ.»

يېتەرلىك دەرىجىدە ئەتىۋارلانمايۋاتقان اجاۋۇزچى كۆچمەنلەرنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاش تەكلىپى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا بېسىمنى ئاشۇرۇش دېمەكتۇر. يەنى خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى قانچە تەكىتلەنسە، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇللۇقى شۇنچە ئاشكارىلىنىدۇ؛ ئاتالمىش «خىتايلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى» (ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى — قانۇن ھالقىغان ھوقۇقى) قانچە تەكىتلەنسە، ئۇيغۇرلار شۇنچە بوزەك قىلىنىدۇ. ئىلگىرىدىنلا بۇنداق تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولسىمۇ، خىتايلار بۇنى يېتەرلىك دەپ قارىمايدۇ. ئەمدى زۇلۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يەرلىك خەلقلەرنى يوقۇتۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى كۆتەرتىپنىڭ ئالدىغا قويۇشنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

«ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان مىللەتچى»لەر ۋە «ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان مىللەتچىلەر»گە يەنە بىر قېتىم سىگنال بۇ: « يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقۇتۇش لازىم.»

بۇ نىشاننىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى خىتايلار ئۈچۈن ئانچە قىيىن بىلىنمەيدۇ. « خىتاي تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا- ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خىتاي تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خىتايلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خىتايچە- ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش،...»

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تامامەن بېقىندىلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايچە ئۆگۈنۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى راست. بۇنى قىلىپ كەتكىلى بولىشى ۋە ئاسانلىقى راست. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تىلىنى تامامەن تاشلىۋېتىپ، خىتاي تىلىنىلا ھېساپلىنىدۇ. لېكىن دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇس تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتەن خىتايلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسگە كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. سۇ بايلىقى مول، ئېچىلمىغان يەرلەرگە كۆچمەن كۆچۈرۈش، خىتاي كۆچمەنلەرنى ئادەم يوق يەرلەرگە ئەۋەتىش ماكرو قاتلامدىن ئېيتقاندا يەرلىك مىللىي ئەزىمەتلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن يەرلىك مىللەت خەلقى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىغاندا ۋە ئۆز ئارا چېقىلمىغاندا، ئۇلار بىلەن بايلىق تالاشمىغاندا، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەندە، بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇش ئاساسىي قاتلامغا يامراپ كەتمەيدۇ.

(ئاخىرى قىسقارتىۋېتىلدى)

ئىشلىتىدىغان بولامدۇ؟ ياكى ئۆز ئارا يەنىلا ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىپ، هايات ئېهتىياجلىرى مەجبۇر قىلغان دائىرىدە خىتايچە ئىشلىتەمدۇ؟ بۇ تامامەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق. يەنى، بىر تەرىپى جەمىيەتنىڭ بېسىمى ۋە مەجبۇرلىشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى مايىللىقى، مىللىي مەۋجۇتلۇقۇنى قوغداش يوشۇرۇن كۈچى، مىللىي ئاڭلىقلىقىغا باغلىق. خىتايلار تىلىمىزنى يوقۇتۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەخسەتكە ئۇيغۇن پروگراممىلانغان ئومۇمىي جەمىيەت ماشىنىسى ئارقىلىق مەجبۇرلاپلا قالماي، يەنە سىلىق ۋە «يەمچۈك تاشلاپ بېرىش»تەك ئالدامچى ۋاسىتىلەرنىمۇ قوللانماقچى: «(ياكى خىتايچىنى ياخشى ئۆگىنىشنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش) لازىم. ئىچكىرىسىدىكى كارخانىلار ۋە هەر خىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆهپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.»

بۇنداق كۈچلۈك بىر ئومۇمىي هۇجۇمغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالامدۇق؟ بۇ مەسىلىنى جىددىي ئويلىماق لازىم. دەبدەبىلىك شۇئارلار بىلەن: «مىللىتىمىز يوقالمايدۇ!» دەپ جاكالاپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە كونكرېت چارە ـ تەدبىرلەر هەققىدىمۇ باش قاتۇرۇش لازىم.

خىتاي بۇ قەدەر ئاشكارە ۋەهشىيلىكلەرنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كونىراپ جۇلىقى چىققان كونا مۇقام: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»نى بازارغا سېلىشتىن هېچ نومۇس قىلمايدۇ. بىرى ئالاهىدە ئېتىۋات بېرىشلەردىن بەهرىمەن بولىۋاتقان هۆكۈمران مىللەت، يەنە بىرى بۇنىڭ قارشىسىدىكى، هەممە هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىنغان مۇستەملىكە مىللەت بولغان ئەهۋالدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نىڭ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ بەلكىم مۇمكىن. پەقەت، مۇستەملىكە مىللەت بارلىق زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە، ئاشكارە ـ يوشۇرۇن هاقارەتلەرگە، زەربىلەرگە چىداپ سۈكۈت قىلسا بۇنداق بىر شەرمەندە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» بولىشى مۇمكىن. ئەمما، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە ياتقان ئاخىرقى هېساپتا يەرلىكلەرنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش غايىسى، ئۇلارنى كۆسېرى قىستاپ كېلىشكە، يول قويغانسېرى تېخىمۇ كۆپ يول قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ مۇستەملىكە مىللەت يا تىركىشىپ ئۆلۈش، يا جىم تۇرۇپ ئۆلۈشتەك تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ هالدا يەنە بۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»غا بازار بارمۇ؟

بىر مىللەتنىڭ قىسمىتىدە ئىككى تاللاشنىڭ هەر ئىككىسىلا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىرلا نەتىجە بېرىدىغان بولسا، بۇ شۇ مىللەتنى نېمىنى تاللاشقا ئۈندەر؟ تىركىشىپ ئۆلۈش

ئىچىدە مەلۇم پىرسەنت (مەيلى قانچىلىك تۆۋەن بولسىمۇ) قۇتۇلۇش ئېھتىماللىقى ياتىدۇ. شۇڭا مۇقەررەركى، تىركىشىش يولى تاللىۋېلىنىشى مۇمكىن.